# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

6

(مەجمۇئە)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

بۇ كىتاب كەلگۈسى گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى دۇڭ فاڭيى ئەپەندىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن چىقىرىلدى

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

## 6

(مەجمۇئە)

باش مۇھەررىر: تەۋەككۇل تىلىۋالدى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: لاڭ يىڭ
ئەخمەت پاسار
تۇرۇپ بارات
ئابلىمىت ئابدۇرېشىت
دولقۇن قادىر

مىللەتلەر نەشرىياتى
2015

**图书在版编目(CIP)数据**

中国维吾尔历史文化研究论丛. 6 : 维吾尔文 / 图鲁甫·巴拉提编著. -- 北京 : 民族出版社, 2015.5
ISBN 978-7-105-13860-9

Ⅰ. ①中… Ⅱ. ①图… Ⅲ. ①维吾尔族—民族历史—研究—中国—文集—维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族—民族文化—研究—中国—文集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K281.5-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 118209 号

**特约编辑：** 图鲁甫·巴拉提
**责任编辑：** 哈尔木拉提·依明
**责任校对：** 夏木斯亚·吐尔孙
**出版发行：** 民族出版社 http://www.e56.com.cn
**社　　址：** 北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
**电　　话：** 010-64290862（维文室）
**印　　刷：** 北京艺辉印刷有限公司
**版　　次：** 2015 年 7 月第 1 版　　2015 年 7 月北京第 1 次印刷
**开　　本：** 850×1168 毫米 1/32
**印　　张：** 16
**定　　价：** 36.00 元

ISBN 978-7-105-13860-9/ K·2445 维 118

本书由未来集团总裁东方毅先生资助出版

中国维吾尔历史文化研究会主办

# 中国维吾尔历史文化研究论丛（6）

主　编：塔瓦库力•提力瓦尔地
副主编：郎樱
艾合买提•帕萨尔
图鲁甫•巴拉提
阿不利米提
多鲁洪•哈地尔

民族出版社
2015

## «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى (مەجمۇئە)»نى تۈزۈش ھەيئىتى

**مۇدىر:** تەۋەككۇل تىلىۋالدى

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** ئازات سۇلتان، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئىمىن ئەخمىدى، مىياۋ پۇشېڭ، لاڭ يىڭ، ئەخمەت پاسار، تۇرۇپ بارات، ئابدۇرازاق سايىم، ئابدۇشۈكۈر مۇللەك

**ئەزالار:** رېن يىفېي، مۇختەبەر، ۋۇ فۇخۇەن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەببەت قاسىم، لىتىپ توختى، ۋاڭ بىڭخۇا، ئابدۇقېييۇم خوجا، مۇھەممەت زۇنۇن، ھەسەن مامۇت، جاڭ خۇڭچاۋ، ئابدۇكېرىم راخمان، لىيۇ بىن، غازى ئەمەت، چېن زۇڭجېن، ۋاڭ شياۋيۈن، نۇسرەت ۋاجىدى، ئابدۇرۇپ پولات، ياڭ شېڭمىن، ئابلىمىت ئابدۇرېشىت، ئالىمجان سابىت، ئەركىن قادىر، جاۋ مىڭمىڭ، رەيھان قادىر، دولقۇن قادىر

## 《中国维吾尔历史文化研究论丛》编委会成员

主　任：塔瓦库力•提力瓦尔地

副主任：阿扎提•苏力坦　艾塔木•于赛音　伊明•艾合买提　苗普生　郎樱　艾合买提•帕萨尔　图鲁甫•巴拉提　阿不都热扎克•萨伊木　阿不都术克里•木来克

委　员：任一飞　穆合塔拜尔　吴福环　米尔苏里唐•乌斯曼诺夫　穆合白提•喀斯木　力提甫•托乎提　王炳华　阿不都克尤木•霍加　买买提•祖农　艾山•马木提　张宏超　阿不都克里木•热合曼　刘宾　哈孜•艾买提　陈宗振　王小云　努斯勒提•瓦吉地　阿不都鲁甫•普拉提　杨圣敏　阿布利米提　阿里木江　艾尔肯•哈德尔　赵明鸣　热依汗•卡德尔　多鲁洪•哈地尔

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


1. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 6- نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى .........تەۋەككۇل تىلىۋالدى 1

2. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا .......... تۇرسۇپ بارات 7

3. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىمىن ئەھمىدى 19

4. 30 يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە- نەشر قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا .................. ئابلەت نۇردۇن 33

5. ئۇيغۇرلاردا سالام خەت ۋە ئېرسالنامە .......... ئەنۋەر مەتسەيدى 48

6. كۆسەن كۇيشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز مۇزىكا تارىخىدا تۇتقان ئورنى ............................ ئەھەد داۋۇت 60

7. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئۇيغۇر-تاڭغۇت مۇناسىۋىتىگە نەزەر... ....................ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن كىروران 80

8. تارىختىكى خوتەن پۇللىرى ............ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 91

9. دۆلىتىمىز ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ 60 يىلىغا نەزەر.......... ..................... ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق 104

10. ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر................. ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد 135

11. ئىلى شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە نىجات سوپى 146

12. خەلقئارادا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ..................ئەخمەت مۆمىن تارىمى 160

13. ئۇيغۇرلاردىكى داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا ............... گۈلزەپەر مۇھەممەد 200

14. ئۇيغۇرلاردا مال- چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتى ئابدۇقەييۇم مىجىت 213

15. ماقال - تەمسىللەردە تەسۋىرلەنگەن ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئاياللار توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلار .......................... تۇرنىسا روزى 225
16. ئالتە شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ نامى ئالدىغا قوشۇلغان سۈپەت سۆزلىرى ھەققىدە .......................... ئىمىن تاجى تۇرگۇن 235
17. قەشقەر مەتبەئەچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى.................................. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقىرى 264
18. «تارىخى رەشىدي»دە بابۇر سىماسى ....... ھۆرمەتجان فىكرەت 295
19. ئۇيغۇرلاردا تامغا ( مۆھۈر ) مەدەنىيىتى .... ياسىنجان كەنجى تارخان 307
20. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى، قىممىتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە ...........................ئابدۇرازاق سايىم 321
21. ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .......................... قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى 330
22. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا .......................... ئابلىمىت ئەھەت 339
23. كېرىيە مەشرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى................................ ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل 365
24. بوغازلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە مەشرەپ، قوغۇن مەدەنىيىتى ........................................ يۇنۇس سادىق 383
25. لوپلۇقلارنىڭ ماددىي كۇلتۇرى توغرىسىدا ...... غالىب بارات ئەرك 404
26. ئۇيغۇرلارنىڭ غەرىبكە كۆچۈشىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنماسلىقىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش ..... ئىمىن تاجى تۇرگۇن 430
27. دولانلار ۋە قەدىمكى كىروران ئاھالىسى ھەققىدە .. مۇتەللىپ سېيىت 444
28. «ئوردۇكەند» ئاتالغۇسى ھەققىدە ............ غ.ئو.ئۇتغۇر 452
29. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ يۈز يىلىغا تېز سىزما    ياسىن ئابدۇقادىر 480
30. 30 ــ 40 - يىللاردىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى    نۇرىمانگۇل ئەخمەت 490
31. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىختا ياشىغان زېمىنلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ماكانلىشىش ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشى .... ئەخمەت مۆمىن تارىمى 506

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى

## تەۋەككۇل تىلىۋالدى

رەھبەرلەر، تەتقىقاتچى خادىملار، خانىملار، ئەپەندىلەر:

بۇ يىل بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى ئۆتكۈزدۇق. مانا بۈگۈن ھەممىمىز بېيجىڭغا يىغىلىپ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتىمىز، مەن بۇ يىغىننىڭ تەشكىللىگۈچىسى ـ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى نامىدىن يىغىنغا كەلگەن ھەرقايسى رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

بۇ قېتىملىق يىغىن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن يەنە بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر 120 ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت تەتقىقاتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

يىغىن ھەرقايسى ۋەكىللەردىن جەمئىي 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. كۆپچىلىكنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان ئىلمىي ماقالىلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىمىز، شۇنداقلا بۇ

نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا نىسبەتەن قىزغىن قوللاش ۋە ئاكتىپ قاتنىشىش بولدى. مەن جەمئىيىتىمىزگە ۋاكالىتەن، شۇنداقلا شەخسىي سالاھىيىتىم بىلەن ھەممەيلەنگە چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شۇنداقلا مەركىزىي مىللەتلەر كادىرلار باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن مەن جەمئىيىتىمىزگە ۋە ئۇلتۇرغان بارلىق ۋەكىللەر، خىزمەتچى خادىملار نامىدىن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزگەندىن بېرى، بولۇپمۇ يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن بېرى ئېلىمىزنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى مەيلى بېيجىڭدا بولسۇن، ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بولسۇن ھەممىسى شۇ جايدىكى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، تارىخ، مىللىي مەدەنىيەت، تىل ـ يېزىق، مۇقام سەنئىتى، داستانچىلىق، ئۇسسۇل، ئۆرپ ـ ئادەت، دىن تەتقىقاتى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئۇيغۇر كادىرلىرى ـ ئاممىسى ئارىسىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش،

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجىن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ قان-تەرىنى ئاققۇزدى ۋە ئەمگىكىنى سىڭدۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندە ئولتۇرغانلارنىڭ تېگىشلىك ئەمگىكى ۋە مۇۋاپىق تۆھپىسى بار.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى؛ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. بىز جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمىز، بىزنىڭ خىزمىتىمىز جاپالىق، ئەمما شەرەپلىك خىزمەت. بىز چوقۇم ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى ۋە مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئىلمىي، دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئېچىپ، ئاكتىپلىق بىلەن نەزەرىيەۋى ئىزدىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزۈكسىز تۈردە تەتقىقات ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جانلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۈگۈن يىغىنغا كەلگەن ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى نۇرغۇنلىغان يېڭى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالدىمىزغا قويدى. بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر ۋەزىپە. بىز چوقۇم دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە تەرەققىياتىغا

ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىگىلىگەننى كېڭەيتىپ، چوڭ نەتىجە ۋە يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز، شۇنداقلا دەۋر بىزنى دەۋەت قىلغان ئۇلۇغ چاقىرىق.

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار:

مەن مۇشۇ پۇرسەتتە، تۆۋەندىكى بىرقانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، ئىدىيە جەھەتتە بىز چوقۇم باش شۇجى خۇ جىنتاۋ رەھبەرلىكىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۇقىرى بىرلىكنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە ھەرخىل سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىز؛ توغرا سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئالىم، مۇتەخەسسىس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا چوقۇم ئىلمىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز لازىم. ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى جەۋھەرلەرنى قېزىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، سوغۇققان ئىلمىي ئىستىل، ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، تىرىشىپ كەسپىي ۋە ئىلمىي سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، كۆپ ئوقۇپ، كۆپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەندە ئاندىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.

تۆتىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىشلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇ بىزدىن ئۈزۈكسىز ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، ئاكتىپلىق بىلەن يېڭى ئىزباسارلارنى تەربىيەلەپ، ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىمىزنى تولۇقلىشىمىزنى؛ ياش تەتقىقاتچىلارنى بايقاپ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۇلارنىڭ تەتقىقات ۋە ئىلمىي پائالىيەت ئىشلىرىنى قوللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىز ئالغا باسىدۇ ۋە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ.

ئالىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار:

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە غەمخورلۇقىغا، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشتى. بىز چوقۇم تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقىتنى قەدىرلەپ، پىكىرلىشىپ، ئۆزئارا يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇپ، بىرلىكتە نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم. بۈگۈنكى يىغىندىن كېيىن بىز بىر نەچچە گۇرۇپپىلار بويىچە ئۆگىنىش، تەتقىقاتنى قانات يايدۇرىمىز، بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋاقتىدا قاتنىشىپ بېرىشىنى، ئەركىن-ئازادە پىكىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىن چوقۇم كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ،

دۆلىتىمىزدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ.

ئاخىردا كۆپچىلىكنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىنى تىلەيمەن.

رەھمەت!

2011 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا

## تۇرۇپ بارات

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، دوستلار، خانىملار، ئەپەندىلەر:

بۈگۈن مەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى نامىدىن يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىم ـ ئۇستازلار، دوستلار، خانىملار، ئەپەندىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

تەتقىقات جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بېرى، بولۇپمۇ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بېرى، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ رەھبەرلىكىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىشلىرىدا شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تەتقىقات جەمئىيىتىمىز، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ ۋە ھەر خىل بايرام پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل ئۆتكۈزۈپ، خۇشاللىنارلىق

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۆۋەندە مەن بۇ پۇرسەتتە، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى

جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىگە نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، بىز ئارىمىزدىن كەتكەن ئالدىنقى بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرىمىزنى، مۇتەخەسسىس ئالىملىرىمىزنى ياد ئېتىمىز. ئالدىنقى ئون نەچچە يىلدا بىز ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۇچۇن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن پەزىلەتلىك رەھبەرلىرىمىز، ئاتاقلىق ئالىملىرىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئالدى بىلەن بىز تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ پەخرىي رەئىسى سەيپىدىن ئەزىز، فېي شياۋتۇڭ، خۇ شېڭ ئەپەندى، يەنە جەمئىيىتىمىزنىڭ تۇنجى رەئىسى سەيپۇللايوف، داڭلىق ئالىم، تەتقىقاتچى ئابدۇسالام ئاباس، ئۇيغۇر سايرامى، ھاكىم جاپپار، ئەرشىدىن تاتلىق، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى، خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ، ليۇ جېشياۋ، تيەن شىباۋ قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىنى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى، بەزىلىرى دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇلار جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

ئون نەچچە يىل داۋامىدا، مەسئۇل ئورۇن — جۇڭگو

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى، مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، يولداشلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىلەن مەخسۇس كەسپىي خادىملار كەمچىل ئەھۋالدا بىز يەنىلا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. «ئىلمىي تەتقىقاتنى تۇتۇش، نەتىجە يارىتىش، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەپەككۇر ئاساسىدا، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردە خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

1) تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق.

مەسئۇل ئورۇن — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە، بىز تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسەن، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قەرەلسىز رەئىسلەر يىغىنى، رەئىسلەر، باش كاتىپلارنىڭ بىرلەشمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردۇق. خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر يىللىق تىزىملاش تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىدۇق. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ئەزالار خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتى، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، تىل-يېزىق، تەرجىمە ۋە تارقىتىش، ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق، مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان، مەيدانى مۇستەھكەم، ۋەتەننى،

مىللەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى، ئۇيغۇر تارىخى- مەدەنىيىتى تەتقىقات خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى جەمئىيىتىمىزگە جەلپ قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلمىي ۋەكىللىك خاراكتېرىنى، كەڭ كۆلەملىكلىكىنى، نوپۇزىنى ئاشۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۇل سالدۇق. يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەت مېخانىزمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ قارارلىرىنى ۋە ھەرقايسى خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

2) ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردۇق.

جەمئىيىتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭدا «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئۇيۇشتۇردى. 2006- يىلى 5- ئايدا، جەمئىيىتىمىز خۇنەن چاڭشادا «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن تېمىدا جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ب د ت 2008- يىلىنى «مەھمۇد كاشغەري يىلى» قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭغا ئاساسەن، جەمئىيىتىمىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تۈركىيە تىل قۇرۇمى بىلەن بىرلىشىپ، مەھمۇد كاشغەري تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى. جۇڭگو يازغۇچىلار



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com